# پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام، مۇسىبەت يەتكەندە ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان، قاتتىق نالە-پەرياد قىلغانلىقتىن چاچلىرىنى يۇلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قازا ۋە قەدىرىگە نارازى بولغانلىقتىن كىيىم كېچەكلىرىنى يىرتىدىغان ئاياللاردىن ئادا - جۇدادۇر

ئەبۇ مۇسا ئابدۇللاھ ئىبنى قەيىس ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام، مۇسىبەت يەتكەندە ۋارقىراپ-جاقىرايدىغان، قاتتىق نالە - پەرياد قىلغانلىقتىن چاچلىرىنى يۇلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قازا ۋە قەدىرىگە نارازى بولغانلىقتىن كىيىم كېچەكلىرىنى يىرتىدىغان ئاياللاردىن ئادا - جۇدادۇر

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئاللاھ تائالا بەرگەن ۋە ئۇ ئېلىپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسە ئاللاھ تائالاغا تەئەللۇقتۇر. بۇنىڭدا تاكامۇللاشقان بىر ھېكمەت مەۋجۇتتۇر. قانداق بىر كىشى بۇنىڭغا قارشىلىق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ، بەندىلەر ئۈچۈن تۇرغۇزغان پايدا - مەنپەئەت، ياخشىلىق ۋە ئادالەتنىڭ ئاساسى بولغان قازا ۋە قەدىرىگە ئېتىراز بىلدۈرگەندەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بايان قىلىپ: قانداق بىر ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ قازا ۋە قەدىرىگە ئاچچىقى كەلسە ۋە ئۇنىڭدىن نالە - پەرياد قىلسا، ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ماختالغان يولىدا ۋە تەلەپ قىلىنغان سۈننىتى ئۈستىدە ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يېتىپ قالسا، نالە - پەرياد قىلىدىغان ئادەملەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ماددى دۇنياغا باغلانغۇچىلار بولۇپ، ھاياتتا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلىش ئارقىلىق، ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابى ۋە رازىلىقىنى كۆزلىمەيدۇ. ئىمانى ئاجىزلاپ، مۇسىبەتنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمىگەن، بۇ ئىش ئۇنى تاكى قەلبىدە نارازى بولۇش ياكى ئۇنى ئاغزاكى ئىپادىلەپ؛ يىغلاش، ۋەيلۇن دەۋزەخى ۋە ۋەيرانچىلىق بىلەن بەت دۇئا قىلىش ياكى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەپ؛ چاچلىرىنى يۇلۇش ۋە كىيىملىرىنى يىرتىشقا ئوخشاش جاھىلىيەت ئادەتلىرىنى قايتىدىن تىرىلدۈرگەن كىشىدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئادا - جۇدادۇر. ئاللاھنىڭ دوستلىرى بولسا، ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە ئاللاھ تائالانىڭ قازا ۋە قەدىرىگە باش ئېگىدۇ. ۋە ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر. (سۈرە بەقەرە 156-157-ئايەتلەر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4849